بسم الله الرحمن الرحيم

جىمى ھەمدۇ-سانا، گۈزەل ماختاشلار پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، تەربىيەتچىسى بولغان ئاللاھ غا بولسۇن. ئاللاھ نىڭ سالامى ۋە رەھمىتى پۈتۈن ھاياتىنى ياخشىلىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋە ئۇنىڭغا چاقىرغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن.

ۋاقىت بولسا ئىنساننىڭ ھاياتى ئۇنى ھەرگىز زايا قىلماسلىق كېرەك ۋە پايدىسىز ئىش ھەركەتلەرگە سەرپ ئەتمەي بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزمەسلىك كېرەك. ۋاقىتنى زايا قىلماي ئىجىگەن كىشى ئەقىللىق، سائادەتلىك ھېسابلىنىدۇ. ۋاقىتنى يامان ئەمەل ۋە ناچار سۆز-ھەركەتلەر بىلەن ئۆتكۈزمەستىن بەلكى ئۆمرىنى ئاللاھ رازى بولىدىغان، ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش كېرەك. ئۆمرىڭىزنىڭ ھەر بىر مىنۇتىدا ھۆرمەتلىك ۋە ئىززەت-ئابرويىڭىزنىڭ ئۈستۈن بولۇشىغا ۋە قەدەممۇ-قەدەم يۇقىرى ئۆرلىشىگە ئاساس قويالايسىز. ئائىلىڭىزنى ھەم بەخت سائادەتكە باشلىيالايسىز. ئەگەر سىز ئاللاھ نىڭ ئالدىدا بۈيۈك بەخت ۋە ئالىي مەرتىۋە بولسۇن دېسىڭىز راھەت-پاراغەتنى ۋە بىھۇدە ئويۇن تاماشالىرىڭىزنى تاشلاڭ، ۋاقتىڭىزنى زايا قىلماڭ. بىر مىنۇت ۋاقتىڭىز ئارقىلىق كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ ئارقىلىق دۇنيا-ئاخىرەتتە بۈيۈك ئەجىرگە ئېرىشىسىز. بىر مىنۇتتا قىلغان ياخشىلىقىڭىز بىلەن ئۆمرىڭىز زىيادە بولىدۇ. ئاللاھ نىڭ ئاتاسى كۆپ بولىدۇ. دىنى جۇشقۇنلىقىڭىز زىيادە بولىدۇ. ھەر بىر مىنۇتىڭىزدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلسىڭىز ياخشىلىق دەپتىرىڭىزگە نۇرغۇنلىغان ياخشىلىق يېزىلىدۇ.

تۆۋەندە بىر مىنۇتتا قولغا كەلتۈرگەن كۆپ ساۋابلىقنى ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئاللاھ بىزنى ۋە سىزنى ئەمەل قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن. ئامىن!



1 - بىر مىنۇتتا سۈرە فاتىھە نى 5 قېتىم ئوقۇيالايسىز. بىر قېتىم ئوقۇسىڭىز 1400 ساۋاب، 5 قېتىم ئوقۇسىڭىز جەمئىي 7000 ساۋابقا ئېرىشىسىز. قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ!

2 - بىر مىنۇتتا (قل هو الله احد .....) نى10 قېتىم ئوقۇيالايسىز. بىر قېتىم ئوقۇسىڭىز قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى ئالىسىز، 3 قېتىم ئوقۇسىڭىز قۇرئاننى بىر قېتىم تۈگەتكەننىڭ ساۋابىنى ئالىسىز. (بۇخارى)

3 - بىر مىنۇتتا بىر بەت ياكى يېرىم بەت قۇرئان ئوقۇيالايسىز، ھەر بىر ھەرپىگە 10 ساۋاب بېرىلىدۇ. (تىرمىزى)

4 - بىر مىنۇتتا قۇرئاندىن بىر ئايەتنى ئۆگىنەلەيسىز ياكى يادلىيالايسىز، بىر ئايەتنى ئۆگەنسىڭىز ياكى يادلىسىڭىز، ئاللاھ جەننەتتە بىر دەرىجىڭىزنى ئۈستۈن قىلىدۇ. (تىرمىزى)

5 - بىر مىنۇتتا لا اله الا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير (يەنى يالغۇز بىر ئاللاھ دىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق، ئاللاھ نىڭ شېرىكى يوق، بارلىق مەخلۇقاتلار ئاللاھ نىڭ ئىلكىدە، جىمى مەدھىيە ئاللاھ غا مەنسۇپ، ئاللاھ نىڭ ھەممە نەرسىگە تولۇق قۇدرىتى يېتىدۇ) نى 10 قېتىم ئوقۇيالايسىز. ئۇنىڭ ساۋابى 4 قۇل ئازات قىلغاننىڭ ساۋابى بىلەن ئوخشاش. (بۇخارى)

6 - بىر مىنۇتتا سبحان الله و بحمده (يەنى ئاللاھ ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ئاللاھ نى مەدھىيىلەيمەن) نى 100 قېتىم ئوقۇيالايسىز. بۇ سۆزنى 100 قېتىم ئوقۇسا ئۇنىڭ گۇناھى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك بولسىمۇ يوققا چىقىرىلىدۇ. (بۇخارى)

7 - بىر مىنۇتتا سبحان الله و بحمده سبحان الله العظيم (يەنى ئاللاھ ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ئاللاھ نى مەدھىيىلەيمەن، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈك ۋە



مۇقەددەستۇر. نى 40 قېتىم دېيەلەيسىز. بۇ سۆزلەر تىلغا يەڭگىل ئاللاھ نىڭ تارازىسىدا ئېغىر ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان سۆزلەردۇر. بۇ سۆزلەرنى بىر قېتىم دېسىڭىز جەننەتتىن بىر كۆچەت تىكىلىدۇ. (بۇخارى)

8 - بىر مىنۇتتا سبحان الله، والحمد لله ولا اله الا الله، والله اكبر (يەنى ئاللاھ مۇقەددەستۇر، جىمى ھەمدۇ-سانا ئاللاھ غا بولسۇن، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈك، بىر ئاللاھ دىن باشقا ئىلاھ يوق) 10 قېتىمدىن كۆپرەك ئوقۇيالايسىز. بۇ سۆزلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ئەۋزەل، تارازا-مىزاندا ئەڭ ئېغىردۇر. (مۇسلىم)

9 - بىر مىنۇتتا لاحول ولا قوة الا بالله (يەنى كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەندۇر) نى 30 قېتىم ئوقۇيالايسىز. بۇ سۆز جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن چوڭ بىر خەزىنە. غەمدىن خالاس بولۇشقا سەۋەپ بولىدۇ. (بۇخارى)

10 - بىر مىنۇتتا لا اله الا الله (بىر ئاللاھ دىن باشقا ئىلاھ يوق) نى 40 قېتىم دېيەلەيسىز. بۇ ئەڭ ئۇلۇغ سۆز بولۇپ تەۋھىد كەلىمىسى، ئەڭ پاك ۋە ئىمان سۆزى بولۇپ بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھاياتىدىكى سۆزى شۇ بولسا جەننەتكە كىرىدۇ. (بۇخارى)

11 - بىر مىنۇتتا سبحان الله وبحمده، عدد خلقه، ورضا نفسه، وزنة عرشه، ومداد كلماته (يەنى ئاللاھ ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ئاللاھ نى مەدھىيىلەيمەن، ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقلارنىڭ سانىچە، ئۆزى رازى بولغانغا قەدەر ئەرشىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە چەكلىمىگە قەدەر ئاللاھ نى مەدھىيىلەپ ھەممە نۇقسانلاردىن پاك دەيمەن.) نى 15 قېتىم ئوقۇيالايسىز. بۇ كەلىمىلەرنىڭ ساۋابى باشقا زىكرى-تەسبىھلەرنىڭ ساۋابىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. (مۇسلىم)

12 - بىر مىنۇتتا استغفر الله (يەنى ئاللاھ دىن مەغفىرەت تىلەيمەن)

ئى يۈز قېتىم ئوقۇيالايسىز. ئىستىغپارنىڭ پەزىلىتى ھەممىگە مەلۇم. ئىستىغپار سەۋەبى بىلەن گۇناھلار كەچۈرۈم بولىدۇ. جەننەتكە كىرىشكە ئاساس بولىدۇ. قۇۋۋەت زىيادە بولىدۇ. بالا مۇسىبەت كۆتۈرۈلىدۇ. يامغۇر كۆپ چۈشىدۇ، ئاللاھ ئىقتىساد ئاتا قىلىدۇ. ئوغۇل بالا ئاتا قىلىدۇ، دۇنيادا تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان.

13 - بىر مىنۇتتا رەسۇلۇللاھقا 20 قېتىم دۇرۇد ئوقۇيسىز. ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ سىزگە 200 قېتىم رەھمەت ئوقۇيدۇ.

14 - بىر مىنۇتتا ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلالايسىز.

15 - بىر مىنۇتتا دىلىڭىز ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىشقا تەلپۈنۈشى مۇمكىن

16 - بىر مىنۇتتا قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ مەزمۇنى مول دۇئالاردىن خالىغىنىڭىزچە قىلىپ ئاللاھتىن تىلىيەلەيسىز.

17 - بىر مىنۇتتا تۇغقان ياكى دوستلىرىڭىزدىن بىرسىگە تېلېفون ئارقىلىق ياخشىلىق قىلىشىڭىز مۇمكىن.

18 - بىر مىنۇتتا بىر نەچچە مۇسۇلمانلارغا سالام قىلىشىڭىز مۇمكىن.

19 - بىر مىنۇتتا بىر يامان ئىشنى توسۇشىڭىز مۇمكىن.

20 - بىر مىنۇتتا ئائىلىڭىزنى بولسىمۇ بىر ياخشى ئىشقا بۇيرۇشىڭىز مۇمكىن.

21 - بىر مىنۇتتا بىر قېرىندىشىڭىزغا بولسىمۇ نەسىھەت قىلىشىڭىز مۇمكىن.

22 - بىر مىنۇتتا بىرەرسىگە ياخشىلىق قىلىشىڭىز مۇمكىن.

23 - بىر مىنۇتتا غەمگە چۆمگەنلەرنىڭ بىرەرسىگە غەمخورلۇق قىلالايسىز.



24 - بىر مىنۇتتا مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن بىر زىيانلىق نەرسىنى ئېلىۋېتەلەيسىز.

دېمەك، ھەر كۈنى پايدىسىز-بىھۇدە زايا بولۇۋاتقان بىر نەچچە مىنۇتلىرىڭىزنى ياخشى يوللارغا سەرپ ئەتسىڭىز ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنى يىغقان بولىسىز. ھەر بىر مىنۇتلىرىڭىزنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئادەتلەنسىڭىز كېيىنكى سائەتلىرىڭىزنى، كۈنلىرىڭىزنى ۋە ئايلىرىڭىزنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالالايسىز.

قېرىندىشىم بۇ ئىشلار سىزنىڭ ئىخلاسىڭىزغا، جەننەتكە ھېرىسلىقىڭىزغا باغلىق. ئاخىرەت دەسمايىڭىزنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىتا قىزغىنلىقىڭىزغا باغلىق. قېرىندىشىم بۇ ئىشلارنى قىلماق تەس ئەمەس. ئۆگەنمەك ھەم تەس ئەمەس. بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تەرەت ئېلىش كەتمەيدۇ، ئىشىڭىزنى تاشلاپ بىر يەردە ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ ئىبادەتلەرنى مەكتەپكە كېتىپ بېرىپ، ئايروپىلاندا، ماشىنىدا، پويىزدا، ھارۋىلاردا، ۋېلسىپىت-موتولاردا، ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ، خىزمەت ئۈستىدە، ئولتۇرۇپ ياكى بىراۋنى ساقلاۋاتقان ۋاقىتلىرىڭىزدا ھەم قىلالايسىز.

ئى قېرىندىشىم! بۇنى ئائىلىڭىزگە، يار-بۇرادەرلىرىڭىزگە ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭىزغا تەلىم بېرىڭ. چۈنكى قانچە ئادەم سىزنىڭ تەلىمىڭىز بىلەن بۇ ئىبادەتلەرنى قىلسا قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابىنى سىزمۇ ئوخشاشلا ئالىسىز. ئاللاھ بىزنى ۋە سىزنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلسۇن. ئاللاھنىڭ رەھمىتى، سالامى ۋە بەركىتى ھەممىمىزگە بولسۇن. ئامىن!

تەييارلىغۇچى:

شەيخ ئابدۇل ئەزىز يونۇس ئارتۇشى



## مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم

# ۋاقتىڭىزنى قەدىرلەڭ



تەييارلىغۇچى:
شەيخ ئابدۇل ئەزىز يونۇس ئارتۇشى

ئادرېس
A.Aziz Artushi
K.S.A----Makkah -Box: 2757
Tel: 00966-2-537652

المطبعة الأهلية للأوفست بالطائف ☎ ٧٣٢٦٦٦٠